# ئېھسان توغرىسىدا

[ئۇيغۇرچە]

# الإحسان

**[باللغة الأويغورية]**

خاتىپ: شەيخ سەئۇد ئىبنى ئىبراھىم ئەششۇرەيم

الخطيب: الشيخ سعود بن إبراهيم الشريم

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

المترجم: سراج الدين عزيزي

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# ئېھسان توغرىسىدا

**1429/7/8ھـ 2008ـيىلى 07ـئاينىڭ 11ـكۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە چۈشەنچىسى**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرمەدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مىڭلارچە مۇسۇلمانغا:

"ئېھسان (يەنى ئاللاھ مېنى كۆرۈپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ دېگەن ھېسسىياتتا بولۇش) ئىنساننى يۈكسەك روھىي دۇنياغا كۆتۈرىدۇ " دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللادىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئۈستىدە ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولسا، مۆمىننى ئىسلام دىنىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىگە قارايدىغان بولساق

خۇددى بۇگۈن، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا نازىل بولغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئوچۇق، پەلسەپىۋى مۇجمەللىكى يوق. مۇسۇلمانىنىڭ ھەقىقىتى ئۇ ئىگەللىگەن لەززەت، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەر بولماستىن بەلكى، روھىي ئۈستۈنلۈك بولۇپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى يۇقىرى كۆرەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىشنى خەلق ئاممىسى ياخشىلىق، رەھىمدىللىق دەپ چۈشىنىدۇ. جەمئىيەتتىكى ھەرخىل يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىش، خاتىمە بېرىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئىپپەت نومۇسلۇق، ئىشەنچلىك ئىماندار، دىنغاۋەتىنىگە، مىللىتىگە كۆيۈنىدىغان ياشلارنى يېتىلدۈرۈشتە.

كىچىك بالا قانداق تەربىيىلەنسە شۇ ئاساستا چوڭ بولىدۇ. ياخشى تەربىيىلەنسە ياخشى ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئەكسىچە بولۇپ، تەربىيە ياخشى بولماي قالسا ئاتا-ئانا ۋە جەمئىيەت بېشىغا بالايۇ-ئاپەت بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق كەلگەن: « جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئېھسان توغرىلىق سوئال سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئېھسان: سەن ئاللاھقا قىلىۋاتقان ئىبادىتىڭنى خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېسسىياتتا قىلىشىڭ كېرەك، سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن. بۇ ئىپادە شۇنداق ئاجايىپ ئىخچام ۋە كۈچلۈك ئىكەنكى، شۇنچە قىسقا بىر قانچە كەلىمە سۆز ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئۇلى قۇرۇلىدىغان بىر بۈيۈك ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ. شەرىئەت ئۆزىنىڭ بارلىق قانۇن-قائىدىلىرى، ھايات مىزانى، يوليورۇقلار، سوت داۋا ئىشلىرى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئائىلە تۈزۈملىرىنى شۇ ئاساستا بەلگىلەيدۇ. شۇ

ھەقىقەتنى بارلىق ئىنسان بىلىش كېرەككى ئاللاھ بارلىق ئاشكارا- مەخپىي سىرلارنى بىلگۈچىدۇر.

ئىنسان ئاللاھنى ئۆزىگە بارلىق ئىشلاردا كۆزەتچى بىلىپ شۇ پرىنسىپ بويىچە ماڭسا داۋاملىق ئاللاھنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا بولغان بولىدۇ. ھېچقاچان تۇيۇقسىز ئەھۋاللارغا دۇچ كەلمەيدۇ. ئىنسان ھېسسىياتىدا مېنى ئاللاھ كۆرۈۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئىبادەت قىلسا ئەلۋەتتە سەمىمىيلىك، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا بەندىنىڭ ئىبادىتى ئاللاھتىن قاچقان كىشىنىڭ ئەمەس ئاللاھ تەرىپىگە يۈزلەنگەن كىشىنىڭ ئىبادىتى بولىدۇ. ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇ بىزدە بولسا ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقۇپ، ئاللاھنى تېخىمۇ ياخشى ئۇلۇغلاپ ئىبادەت قىلىمىز. بۇنداق ئىمان ئەڭ ئەۋزەل ئىمان ھېسابلىنىدۇ.

ئېھسان مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق تەبىقىسىدە ئوخشاش مەۋجۇت بولۇشى كېرەك. مەسىلەن قازى ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇدا بولسا ھېچقاچان باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ. بەلكى ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىش ئەكسىچە بولۇپ قازى ئاللاھتىن قورقمىغان تەقدىردە يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ، ۋەقپىلەرنى، مەسئۇللار بىلەن بىرلىشىپ يەيدۇ، پەقىر-مىسكىنلەرنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ، ئۆزى ھارام يېگەندىن سىرت باشقىلارغىمۇ ھارام يېگۈزىدۇ. شۇڭلاشقا ئېھسان بەك ئۇچۇق بىر ئىش بولۇپ، مۇساپىسى ئۇزۇن يولدۇر. ئىنسانلار ئېھساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنگەن تەقدىردە بارلىق ھاياتىدا كۆڭلى تەسكىن تاپىدۇ. ئەر ئۆيىدىن كۈن، ئاي- يىللاپ غايىپ بولۇپ قالغان پەيتلەردە ئەنە شۇ ئېھسان ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىنى ھارامدىن ساقلايدۇ.

ئالىم ئۈچۈن ئىھسان تولىمۇ مۇھىم. ئالىمغا كىشىلەر ئىنتايىن ئۇلۇغ كۆزدە قارايدۇ، شۇنىڭغا لايىق ئالىملاردا ئىھسان ئەڭ يۇقىرى پەللىدە بولۇش كېرەك. ئالىم بولغان كىشى ئىلىم ئارقىلىق باشقىلارغا تەكەببۇرلۇق قىلىش، دۇنيادا مەنسەپ، ئىناۋەتكە ئېرىشىنى مەقسەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەك ئېغىر. ئالىم ھەقىقىي ھالدا ئاللاھ مېنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇدا خىزمەت قىلىدىغان بولسا دىنى مەجبۇرىيىتىدە مىللىتى ئۈچۈن ھەقىقى خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئۆگەتكەن بىلىمىمۇ تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن كىشىلەر ھىدايەت تاپىدۇ. ئەكسىچە بولۇپ قالغان تەقدىردە بىر ئۆمۈر ئىلىم يولىدا ئۆتسىمۇ بىلىمى نە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالايدۇ، نە باشقىلارنى ھىدايەتكە باشلاپ ھەقنى كۆرۈپ، ھىدايەت تېپىشقا سەۋەپ بولالايدۇ. ھەر قانداق جەمئىيەت بۇنىڭغا ئوخشاش بەزى بىر ئىللەتلەردىن خالى ئەمەس. يۇقىرىدىكى نەسىھەتلەرلەردىن ئىھساننىڭ مۇسۇلمان ھاياتىدا نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئاللاھ بىزلەرنى ئىھساننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشقا نەسىپ قىلسۇن ئامىن!